# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
24
سەيشەنبە
维吾尔文 3 月24日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25010 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا فىرانسىيە زۇڭتۇڭى، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى، مىسىر زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كەچتە فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل 1 - ئايدىن بۇيان، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە، مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىلەن ئۈچ قېتىم تېلېفونلاشتىم، بۇنىڭدىن ئوتتۇرىمىزدىكى يۇكسەك ئۆزئارا ئىشىنىش ھەمدە جۇڭگو - فىرانسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسى تولۇق نامايان بولدى. ئىككى دۆلەت ئۆزئارا ھېسداشلىق قىلىش، قوللاشتەك دوستلۇق ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەكشۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

# ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى قاتتىق، ئىنچىكە، پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ نورماللىقىغا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر ئوقۇش باشلىغان، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن تۇنجى كۈن بولۇپ، 5000دىن ئارتۇق مەكتەپتىكى 4 مىليوندىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى مەكتەپكە قايتتى. چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشى خىزمىتىنى قاتتىق، ئىنچىكە، پۇختا ياخشى ئىشلەپ، مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ نورماللىقىغا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپىگە كېلىپ، تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەرقايسى يىللىقلىرىنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇشى ئەھۋالىنى نەق مەيداندا زىيارەت قىلدى، كۆزدىن كەچۈردى. بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو ئوقۇتۇش بىناسىغا كىرىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، شەخسىي مۇداپىئەلىنىش، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. چېن چۈەنگو ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تولۇق ئوتتۇرا 2 - يىللىق 1 - سىنىپ، 2 - سىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ 3 - يىللىق 1 - سىنىپ ۋە دەرستىن سىرتقى پائالىيەت قىلىۋاتقان تولۇقسىز ئوتتۇرا 2 - يىللىق 7 - سىنىپقا كىرىپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى. ساۋاقداشلارنى ماسكا بىلەن تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولۇۋاتقانلىقى، مەكتەپكە بېرىش، مەكتەپتىن قايتىش جەريانىدا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقانلىقىنى، ياتاق، دەرسخانا،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپىدە دەرستىن سىرتقى پائالىيەت قىلىۋاتقان ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشتىكى سالامەتلىك تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، شەخسىي مۇداپىئەلىنىش، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىمەكتە.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى




# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان نامرات ناھىيەلەردە 90% نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى قوزغىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ، جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلىق قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان 25 نامرات ناھىيە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرىدىن 1890نى يولغا قويۇپ، جەمئىي 16 مىليارد 325 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە 90% تۈر قوزغىتىلىپ يولغا قويۇلدى.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى جايلار تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈرلىرىدە ئىمكانقەدەر بالدۇر ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى قوللاپ ۋە تەشكىللەپ، 3 - ئايدا ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلاش، ئالدىنقى يېرىم يىلدا تولۇق پۈتتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەبلەغنى بالدۇر چىقىم قىلىشقا، تۈرلەردە بالدۇر ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا، نامرات ئاممىنىڭ بالدۇر نەپكە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولماقتا.

نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىققان نامرات ناھىيە، نامرات كەنت، نامرات نوپۇسقا قارىتا، ئۆتكۈنچى مەزگىلدە ھازىر بار بولغان سىياسەتلەرنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشى ساقلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاپ نامراتلىقتىن چېكىنگەن 25 نامرات ناھىيەگە قارىتا «تۆتنى تاشلىماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ، مەسئۇلىيەتنى تاشلىمايدۇ، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ، سىياسەتنى تاشلىمايدۇ، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ، ياردەم بېرىش - يۆلەشنى تاشلىمايدۇ، قالپاقنى ئېلىپ تاشلىسىمۇ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى تاشلىمايدۇ. نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىغان نامرات ناھىيەلەردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ پۇختىلاش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ياخشى تۇتۇش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جەزمەن تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختىلاپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ. داۋاملىق تۈردە تۈر قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش، كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، كەملىرىنى تولۇقلاش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش - ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىش، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى قوزغىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىلمىي، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا، ئوقۇتۇشنىڭ تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 59 - باشلانغۇچ مەكتەپكە كېلىپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىسمەن ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئۆيغۇن كېلىدىغان مائارىپ ئوقۇتۇشى تەرتىپى ۋە ئادەم تەربىيەلەش مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 35 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团


مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش

# يۇقىرى سۈرئەتلىك يول چوڭ يول تۈر قۇرۇلۇشلىرىدا «ئاتاكا سىگنالى» چېلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: G7 بېيجىڭ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ شىنجاڭ ئىچى بۆلىكى، G30 شياۋشاۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ھەمدە ئۈرۈمچى - لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قاتارلىق تۈرلەردە تېز سۈرئەتتە ئىشنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىنجاڭغا كىرىش - چىقىشتىكى ھەمدە جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول چوڭ يول تۈر قۇرۇلۇشلىرىدا «ئاتاكا سىگنالى» چېلىندى.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، G30 شياۋشاۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلەكنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى توختام بۆلىكىدىكى قۇرۇلۇش نەق مەيدانى ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى، قېزىش ماشىنىسى، موللاقچى ئاپتوموبىل، يول چىڭداش ماشىنىسى قاتارلىق ھەرخىل ماشىنىلار تەك ئاتلىنىپ، يول ئۇلى قىسمىدا قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتى. «3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، تۈر باشقۇرغۇچى، تېخنىك خادىملارنىڭ ھەممىسى ئىش ئورنىغا كەلدى، 500دىن ئارتۇق قۇرۇلۇشچى ئىش ئورنىغا كىردى، قالغان قۇرۇلۇشچىلار كەينى - كەينىدىن ئىش ئورنىغا قايتماقتا. كېيىنكى مەزگىلدە، بىز مەبلەغ، ماتېرىيال، خادىم ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتىپ، تۈردە 8 - ئاينىڭ ئاخىرى قاتناش باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى شياۋشاۋخۇ - ئۈرۈمچى تۈرىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گۈەن چېڭجياڭ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭدىن چىقىدىغان شىمالىي يولنىڭ مۇھىم ھالقىسى

# ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **مۇ جىپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قۇرۇلۇشچىلار ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ سولسۇ تونېلىغا كىرىپ يول قېنى قۇرۇلۇشى قىلدى، بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تۈرى بولغان ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىدىغان شىمالىي يولىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، شۇنداقلا شىنجاڭ تۆمۈريول تورى يېرىك پىلانىدىكى «ئۇزۇنسىغا تۆت، توغرىسىغا تۆت» ئاساسىي رامكىسىدىكى «ئۇزۇنسىغا تۆت»نىڭ بىرى. بۇ لىنىيە غەربتە شىمالىي ئالتاي لىنىيەسىنىڭ ئالتاي ۋوگزالىدىن باشلىنىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى

# داشىمېن سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى جىددىي قۇرۇلۇۋاتىدۇ



3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئىشچىلار چەرچەن ناھىيەسىنىڭ چەرچەن دەرياسى داشىمېن سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا مەشغۇلات قىلماقتا. □ سۇ شىن فوتوسى

بايىنغولىن ئوبلاستى مۇخبىرلار پونكىتىدىن **جوۋ خەيشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جەمئىي 1 مىليارد 900 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى چەرچەن ناھىيەسىنىڭ چەرچەن دەرياسى داشىمېن سۇ ئامبىرىدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا، ئىشچىلار قېزىش، بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك مەشغۇلاتلارنى قىلىۋاتاتتى. نۆۋەتتە، 1 - نومۇرلۇق قاتناش تونېلى، 2 - نومۇرلۇق قاتناش تونېلى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى، توك چىقىرىش سۇ باشلاش سۈڭگۈچى، توسما يۈزىدىكى تاشقان كەلكۈن سۈيىنى ئېقىتىۋېتىش سۈڭگۈچى، ئاستىنقى تۆشۈك كەلكۈن قويۇۋېتىش - قۇم چىقىرىۋېتىش سۈڭگۈچى پۈتتۈرۈلدى. بىرلەشمە سۇ كىرىش ئېغىزىنىڭ توپا قۇرۇلۇشى تاماملاندى، ھادىسە قاپقىقى ھەم قوش يۆنىلىشلىك قاپقاق ماشىنىسى قۇراشتۇرۇلۇپ ئورنىغا قويۇلدى، سول قىرغاقتىكى ئېگىز قىرغاق يان باغرىنى بىر تەرەپ قىلىش تاماملاندى.

«بىز ھازىر قۇرۇلۇش قىلىۋاتقان قىسىم توسما يۈزىدىكى تاشقان كەلكۈننى قويۇۋېتىش سۈڭگۈچى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)